ابتدائی مکتبلر اوچون

# اوقوما کتابی

## تورتنجی قسم

ناشری : معارف وزارتی

تحریری : مرکزی حدود مدنی معارف ادارەسی

# 維文讀本

## 第四册

國立邊疆文化教育館編
教育部印行

舊

# 編輯要旨

一、本館奉　教育部令，爲普及維族教育，特編輯維文課本，供維族小學維文教學之用。

二、本書依維文教學習慣編輯。

三、本書共十册，供維族試行五年制小學十學期之用，每册四十課，另加練習，教學時倘嫌課數稍多，得選讀課文至少三十課。

四、本書第一、二册，以拼音造句練習爲主，第三册至第十册，語文與常識配合編輯，選定教材，兼重國家教育與民族教育。

五、本書之編輯，先由本館編輯委員會決定編輯原則，編輯後，再經委員會審查校訂，呈部付印。

由國家圖書館數位化、典藏

# هيئت تحريريه‌دن

- ايداره‌مز معارف وزارتينك بو يروقيغه بنا اويغورلر معارفيني عمومى يوسوندا ترقى قلدوروش اوچون اوشبو اويغورچه اوقوما كتابيني توزيدى . بوكتاب اويغور باشلانغوچ مكتبلرى اوچون مخصوصدور .

- بو كتاب اويغور مكتبلرى نك ميتوديكا عادتلريگه آسا- سلانب توزولدى .

٣ - بوكتاب جمعى اون قسم‌بولوب اويغورلر نك تجربه اوچون قوللانغان بش‌يللق ابتدائى مكتب سستيماسى اوچون‌اون اوقوش موسسميگه اشليتيليدو . كتابنك‌هر برقسمى قرق درس وه بر قانچه‌تاپشوروقلر ايله‌ن‌توزولگه‌ن اوقوتوش واقيتدا درس‌نك مقدارى كوبلك‌قلسا احوالغا قاراب اوقوتوچيلر كام بو لغانداهرتعطل ده‌اوتوزدرس اوتوش كره‌ك .

٤ - بوكتاب‌نك 1- وه 2- قسملر يده‌مضمون جهتدن آلفابه

وەسوزلەم (گ.ب) قورولو شلری هەم اولر نلك مشق قلنشلری آساس قلندی 3- قسمدن 10- قسمگە قدر سكز پارچە سی اویغور تلی آساسندا مضمونی جهتدن عمومی بلملرگە تیگشلك ساوادلرنی اوزاچیگە آلیدو . بو کتابنك ماتر یاللری بتون دولت معارفیدە یدیکی ماتر یاللرنی وە اویغورلر نلك مللی معارفیدە یکی ماتر یاللرنی اوزاچیگە الش اعتبارغە ایلندی .

- بو کتابنی تحریر قلیشدە اول ایدا رەمز نلك تحریر هیئتی طرفیدن او نلك پرنسیفلری بەلگولو لنب تحریر قلنش بلەن ینە هیئیلر نلك مزا کرەسیدن اوتوب معارف وزار تینلك تصدیقیغە بریلدی .

# مندرجه

1 ---------- دولت آتامز سون جوگسەن افندی 1 - 2
2 ---------- سوگیلی جوگخا 3
3 ---------- بز نك وعدەمز 4 - 5
4 ---------- آت تر ناقی نك حكاىەسی 6 - 7
5 ---------- مینك آتم 8
6 ---------- رحمت اوقویمەن 9 - 10
7 ---------- عائلەمز دیكی قویلر 11 - 12
8 ---------- قوزا 13 - 14
تاپشوروق ( 1 ) 15 - 16
9 ---------- خوراز حقیده مەسەل ( 1 ) 17 - 20
10 ---------- خوراز حقیده مه سەل ( 2 ) 20 - 22

438920

| | | |
|---|---|---|
| 11 | ايرته ياز | 23 - 24 |
| 12 | اغز تاپشماقى | 25 |
| 13 | قانچه قوچقاچ قاليدو ؟ | 26 |
| 14 | ده رەخ تيكش بلك فائيدەلق اشدور | 27 - 28 |
| 15 | اوخلاش نلڭ ترتيبى | 29 - 30 |
| | تاپشوروق ( 2 ) | 31 - 32 |
| 16 | برجفت قارليغاچ | 33 - 35 |
| 17 | قوم وەلاى | 36 - 37 |
| 18 | سەل | 38 - 39 |
| 19 | سارغ چوميله نلڭ دوشيمه ـ ـنگه مدا فعەكوروشى | 40 - 41 |
| | تاپشوروق ( 3 ) | 42 - 43 |


NATIONAL CENTRAL LIBRARY R.O.C.

| | | |
|---|---|---|
| 20 | تيانشان | 44 - 45 |
| 21 | شنجاڭ نلڭ سواشلرى | 46 - 48 |
| 22 | پيله اوخليدى | 49 - 50 |
| 23 | پيله جان | 51 - 52 |
| 24 | بوقانداغ ير | 53 |
| 25 | كيسەل آغزدن كريدو | 54 - 56 |
| 26 | يازلق حفظ الصحت | 57 |
| 27 | حفظ الصحت توغروسيداتوختام | 58 - 59 |
| | تاپشوروق ( 4 ) | 60 - 62 |
| 28 | سالقين شامال | 63 - 64 |
| 29 | قايسى نرسەبك مهم | 65 - 66 |
| 30 | خامان تولسون بوغدا يغا | 67 - 68 |
| 31 | حميد يولدا شلرينى باغقا | |

تكليف قلدى 69 - 70

32 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ حشرات تو-توش اوميگى 71 - 72

تاپشوروق (5) 73 ـ 75

33 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ييزى ايدا ره سينكٔ آلديغا

چاپلانغان اعلان 76 ـ 78

34 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ سونى ايداره قلغوچى ,,يوواكٔ" 79 - 80

35 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ دولت آتامز نكٔ حكايه‌سى 81 ـ 82

36 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ تعطيلده 83 ـ 84

37 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ همكارلق 85 ـ 86

38 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ قوم نكٔ يوتكوليشى 87 ـ 88

39 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ خنمت نكٔ بولونوشى 89 ـ 90

40 ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ قراعت خانه 91 ـ 92

تاپشوروق (6) 93 ـ 96

# دولت آتامز سون جوڭسەن افندی



دولت آتامز سون جو-
ڭسەن افندی نلڭ اسمی
"وین" فامیلییەسی "سون"
اسم فامیلییەسی قوشولوب
آتالغاندا سون‌وین دەب
آتالیدو. لەقەمی "یی‌شەن" اجنبیلریی شەن دیگەن
آهاڭنی دوروست آتالماسدن "سون یاتسین" دەب
آتاب کەلگەن.

دولت آتامز نلڭ یورتی گواڭدوڭ اولکوسی نلڭ
جوڭسەن ناحیەسید یکی (بو ناحیەبورون شاڭسەن
ناحیەسی دەب آتالارایدی) تسوی خلڭ تسون نا-

ملق ییزی بولوب جوڭخا جمهوریتیدن قرق آلتەیل بورون (میلادییەنك بر مڭ سكز یوز آلتمش آلتنجی یلی) دونیاغا کەلگەن ، جوڭخاجمهور یتینك اون تورتنجی یلی (میلادییه نك برمڭ توقوز یوز یگرمەبشنجی یلی) وفات بولغان ·

دولت آتامز نك قلغان خذ متلری تو بندیکیچه :

1- خلق انقلا بینی تەشه ببوس قلدی ·

2- انقلاب فرقەسی تشکیل قلدی ·

3- سەن‌مین جوییني ایجاد قلدی ·

4- مانجو حکومتینی آغدوروب تاشلیدی ·

5- جوڭخا جمهوریتینی میدانغاقویدی ·

6- دولت قوروش پروگراماسینی توزوب چقدی·

# سوگیلی جوڭخا

أی سوگیلی جوڭخا ! قرنداشلریم نلڭ قدمقی
مکانیدورسەن • نفوسیڭ کوپ ، یرمیدانیڭ کەڭ •
اقلیمیڭ موکیلیشکەن • سەندە چقادورغان محصولاتلر
بتون شرقی آسیا دا اعلا اورونی ایگیلیگەن، اوتمش تا
ریخیڭ اوزون.
یللرنی کیچیرگەن.
ترقی تاپقان مد
نیتیکمو بتون دو-
نیا غایلغان .



أی سوگیلی جوڭخا سەن قرنداشلریم نلڭ قدمقی
مکا نیدورسەن !

# بزنك وعده‌مز

بز اعلا اوقو شقه وعده بردوك . اوقوشده يالغوز
اوزومزاعلا بولوبلا قالماسدن به‌لكی بتون صنف وه
مكتب بوييچه اعلابولومز !

نورغون شاباغدا شلريمز اوقوشدا آرقيدا قالغان
ايدی . بزكوچيمز نك باريچه اولرگه ياردەم بردوك
اولر اوقوشده الغار بولدی . كينكی واقيتلرده ـ ده
ستله‌ب اوقوشدا آرقيدا قالغان حميد امتحاندا اوچ


نجى دەريجە لك اورونني آلدى . هورون بولوب
كەلگەن نعمان هەم اعلا اوقوغوچى بولوب چقدى .

مكتبيمز اوقوغوچيلر نڭ اوقوش اونومينى حساب
لاب اعلا اوقوغوچيلرگە مكافات برگە نليكينى اعلان
قلدى

بزمكافات لانغاندن صوڭ ، بك خوشال بولدوق.
بوندن كينمو ينە هەمكارلاشيپ تريشپ او قوشدە
بيوك اونوملرگە ايگە بولو مز .


NATIONAL CENTRAL LIBRARY ROC

# آت ترناقی نلڭ حکایەسی



حیوانلر نلڭ ترناقلری عمومەن تورت بولودو. آت نلڭ ترناقی فقط بر دنلا عبارت، بونلڭ سببی نیمە؟

حیواناتلر اوز حیاتینی تیلەش اوچون البەتتە اوزینی محافظت قلیدیغان قابلیتگەایگە بولوش کیرەك. مثلاً: آرسیلا ننڭ تیش وە ترناقلری نهایتی




اوتکور، او ـ باشقا حیوانلر بلەن کورەش قلا ـ لایدو.

آتنڭ تورت پوتی یوگوروشقا تیتیلک ، یر-
تقوچ حیوانلرگه اوچریغاندا نهایتی تزلك ایلەن
اوزینی قوتقوزوش اوچون قاچالایدو . آت تزلك
ایلەن یوگورالاید یغانلقدن فقط برغینه ترناقی بولسیلا
یوگوروش ممکن . منابو بر ترناق نلڭ کوندن کو-
نگه ترقی تاپیشی ایلەن برابر باشقا ترناقلری کون
ساناب رولسز قالب یوقولو شگه باشلاغان . شوندا غ
قلب آتنڭ ترناقلری قدمقی زمانلدن بوگونگه
قدر کونلر اوته-اوته آخری بر ترناقلق تووافقا آیلا
نغان .

# مینڭ آتم

مینڭ بك یاخشی بر آتم بار . اونڭ قویروقی قارا، توکی سارغ، اوزی یاغاچ ایلەن یاسالغان . ایگەری بك یومشاق ، او ــ ماڭالمایدو . فقطلیڭشیدو . مەن اونی هر کونی مینیمەن اونڭغە بوغاز بر مەیمەن .

مینڭ بك یاخشی بر آتم بار ، اونڭ تووافی یو مولاق . توکی آپپاق ، او ــ آت مانغول آتی بولغا چقا، بد نی بك ایگز ، اوستوخانی بك قابیل . اوزی غایەت کوچلوك ، یوگور-



شدە بك تیتیك ، اونڭغامینپ سوقوشقا چقسام . سوقوشدا مرد لك کورسوتیمەن .

# رحمت اوقويمەن

هەی ! اوكوزوم


هارِمای تالمای اشلەدڭ

خورخارقلب اوندەدڭ

آغز لريڭدن كوپوك تاشقوزوب

ايتز لقنى هه يدەدڭ

★ ★ ★



هەی اوكوزوم اونديمه !

NATIONAL CENTRAL LIBRARY ROC

قورساقيڭ آچسا ،

قوش تارتاليساڭ ،

ساڭا مەن اوت چوپ كەلتورەى !

★ ★ ★

هەى اوكوزوم اونديمە !

چا رچاپ كتب

اشلىياليساڭ

هاردوقڭغە

روخصت برەى .

★ ★ ★

هەى اوكوزوم اونديمە !

سەن جفامشقتلر چەكدڭ ،

ميليونلرچە ،

رحمت اوقوى !

# عائلەمز دیکی قویلر

بز عائلەمز دە تورغون قوی باققان ایدوك ، او۔
قویلرنڭ بعضیلری یوڭلق ، بعضیلری یوغان قویرو
قلق ، وە بعضیلری قوشقار بولوب قوشقارلر نڭ
اوزون۔اوزون اگری موڭگو زلری بارایدی .

او ــ قویلر هر قتمقی آزوقیدا اوت چوپلر یەیدو.
قویلر نڭ هەمەسی یاش بولغا نلقدن هەیدیغان یرلرگە
بارب یایلایدو .

کونلر نڭ بر سیدە مینڭ تاغام : "قوی گوشتی
نڭ تعمی تاتلق ، قوی گو شتی آ دەم نڭ بدنیگە
قوت بریدو„ دیدی .

آکام : "قوی نلڭ تېرەسیدن خروم وە تورلی

ترسە یا سیغیلی بولودو„ دیدی .

اوکام : "دولت یازقینی یازیدوغان موی قلملر-

نلڭ کوپنچەسی قوی‌یوڭی ایلەن یاسیلیدو„ دیدی .

یەڭگەم : „قوی یوڭی ایلەن ایف ایگرگیلی بو

لودو وە او ایفلرایلەن کیم توقوغیلی بولودو" دیدی .

مینڭ کچیك اوکام سوت ایچشگە بك آمراق

بولغانلقدن ، او-اورنیدن



توروب : „قوی نلڭ

سوتی بك تاتاق بولو-

دو" دیدی .

ROC LIBRARY

# قوزا

(سايلانما)

قوڭغور كوزلك
قارايوڭلق قوزى-جان
مايسەاوزره
قيغيتسەن اويناسەن
قەند بر سەممو
نان بر سەممو يولداش جان
يان، ويرەڭگە.
بر شكەهيچ قويمايسەن
مينى كورسەڭ
درروايگب بشيڭنى

خوددى او قدەك
يوگوروب كيلب اوسويسەن
اگر بر پەس
باغلاب قويسام دەرەخكە
مەعرەب-داتلاب
آر قينيڭنى اوزوسەن
قوڭغور كوزلك
قارايوڭلق قوزى-جان
مەيلى اوسوسەڭ
مەيلى آرقان اوزسەڭمو

مايسه اوزره
قيغيتوه اويناوه

سەندەك قوناق
آونجاقدن خوشالمەن



# تاپشوروق (1)

(1) توبنديكى سواللرگەجواب تاپيڭلا .

1ـ دولت آتامز نُلڭ قلغان اشلرى نيمەلردن عبارت ؟

2ـ آتنڭ ترناقى نيمە اوچون فقط برغينە بولوب قالغان ؟


3ـ آتنى بز قانداغ اشلرگە سالامز ؟

4ـ كالا وە قوى نى باقساق بز گە قانداغ فائيدە سى تيگيدو ؟

5ـ كالا وەقوى نى بز قانداغ اشگەسالامز ؟

6ـ آت ، كالا وەقوى مملكتيمز جوڭگو نڭ قايسى جايلر يدە كوب چقيدو ؟

( 2 ) توبند يكى رسملرگه قاراب معناللك خطلر يازـ
يب چقيڭلار .



# خوراز حقيده مەسەل

(سا يلانما)

بر زمانلر قر غاوول،
تو يغابا رماق بولوپتو،
توى كونلرى يقين دەب،
خوشاللقتا تولوپتو.

—○—

ليكن اونك كوكلينى،
غەم باسبدور شوزمان،
توى كوينيكى يوق آيكەن،
قايغوروپتو كوب يامان.

—○—

شو آريداياشاركەن،
بر بى دولت باى خوراز،

را حت عمر كورەركەن ،
كوزين ، قشين ، بهار ، ياز .

—○—

كوينەك سوراب قرغاوول ،
يال بر يپتو خورازغا ؛
تويدن كين كەلتورەى ،
سزنى قويماى آيازغا !

—○—

خوراز اويلاب أك آخر ،
راضى بوپتو سوراقا؛
كين ييشپ بر يپتو،
كوينيكينى مهمانغا .

—○—

اوزى دەرەخ شاخيدا،
قالدى تويغا با رميدى،

بای ایمەسمو بوتوینی ،
نظر یگه ایلمیدی.

—○—

شونداغ براو خورازغا
دیدی : ـ مهمان که لمەیدو
آلداب کتدی او سینی
کو ینیکیگنی بر مەیدو .

—○—


شوسوزدن صوك خورازنك ،
یومولمیدی کوزلری،
خیال سوروب اویلونوب،
اوخلا لمیدی تونلری .

—○—

آسمان یوزی بولوتلق ،
تون قاراڭغو زمزییا،

اشتيلمەس بر تاوش ،
بارچەايدى اويقودا .

— ○ —



يريم كيچە بولغاندا ،
خورازتوردى اورنيدن ؛
غەزەب ايلەن قچقاردى ،
چوڭقور رغمكين كوڭليدن

— ○ —

آوازینك باریچه،
قرغاولنی کاییدی :
«قانداغ شیطان او ـ مینی،
ساز کوینیکیمدن آیریدی!»

—○—

ا ّما اونك سوزیگه،
هیچ کشی قولاق سالمیدی،
هیچ توختاوسز قچقریب،
مه‌داریمو قالمیدی.

—○—

کوینیکی‌نك دردیده،
اوخلاب قالدی شول‌زمان،
ایرته سیگه‌قاق تونده،
اویغونو پتوکوب یامان.

—○—

يوغان شاخدا تيك توروب ،
قچقر يشقا باشليدى،
نه ـ قلارين بيلمەسدن ،
كوزلر ينى يا شليدى .

—○—

تيخيچيلا قرغاوول ،
خو راز غادوچ كەلمەسميش،
شونداغ قلب براونلڭ،
كوينيكينى بر مەسميش .

—○—

شو نلڭ اوچو نموخوراز،
قچقرا رميش هركيچە،
حتى بعضى كونلرى ،
اوخليماس ميش تاڭغيچە .

—○—

# ايرته ياز

(سايلانما)

قش بووای نه‌گیدو قاراب
آستاغینه‌یول سالدی
یا زیگیت بوروت تولغاب
کولو بقینا اورون آلدی
ییزیلر قسما ــ قسما
تونلر سلیب سازلرچالدی .
بلبللر قانات قاقب
قوزغونلر ده‌ره خده قالدی
قا یسی.که‌ك تاغ یا یلاقلر

قويون آچپ كولوب باقدى

دريالر دولقون اوروب

توى ياساب كوچلوك آقدى

كەڭ ايدر بوستاڭ بولوب

ياسيئب بوراق چاچدى

قاڭسق دەم أسكىمنان

قويروق سوروب ماڭدى قاچدى

ياش يگيتلر قزچوكانلر

خوشال خرام اِش. باشلىدى

دلده قايناب. تاقتسز لك

هورونلقنى بك تا شلىدى

# اغز تاپشماقی

(سایلانما)

ایکی پوتی آچا ، توپەسیده برقاچا

قاچانڭ توپەسیده هام ـ هام

هام ـ هام نڭ توپەسیده میش ـ میش

میش ـ میش نڭ توپەسیده فال ـ فال

فال ـ فال نڭ توپەسیده جاڭگال

او نیمه ؟

# قا نچه قوچقاچ قالیدو ؟

آکاسی سیگلیسیدن : « دەرەخ اوستیده آلته دانه قوچقاچ بار ایدی • بر آوچی کیلب ملتق ایـ لەن او-قوچقاچلر نلڭ برسینی آتب توشور گەن بولسا، دەرە خده ینه قانچەقو چقاچ قالیدو؟ » دەب سوریدی •

سیگلیسی: « دەرە خده ینه بش قوچقاچ قالیدو » دەب جواب بردی •

آکاسی : « خطا أیتدڭ سیگلیم . یاخشی اویلاب باق ! قالغان بش قوچقاچ ملتق آواز ینی آڭلاب قورقب اوچوب کتشمەمدو؟ » دەب ایدی . سیگلیسی آنداغ بولسا دەرە خدە برمو قوچقاچ قالمایدو » دیدی .

# دەرەخ تیکش بك فائیدەلق اشدور


علی اسملك بر بالا دەرەخ تیکشگەبك آمراق ایدی . او ــ بر واقیتدا هر خیل کوچەتلردن بر مونچە آلب هویلا سیغا تیکدی ، اونی سوغاردی ، یاخشی آسرادی ، ایکی یلدن کینکی بهاردا دەرەخلری چیچەکلیدی ، علی خوش بولوب سابا غدلــ شلرینی تماشا سیغا تکایف قلدی ، شویلنك یاز یدا بودەرەخلر میوەلیدی ، میوە لری پشدی . علی بونی کوروب خوشاللقیدن بتون مکتبگە بواشنی یا ییوە تدی .

آز زماندن کین میوه‌لری پشدی آتا ـ آنا سی


نلڭ راضیلقی ایله‌ن آغینه‌لر ینی باغچه‌سیگه چا یغا ـ

تکلیف قلدی وه اوز قولی ایله‌ن پشقان میوه‌لرینی عز

یز مهما نلرینڭ آلدیغا قویدی .



# اوخلاش نڭ ترتيبى



بالدور اوخلاش كيرەك ، هەم اوروندن بالدور تورو-
ش كيرەك ! اوخلاش واقتيدن تولوق فائيده لانش
كيرەك ! آدەم تولوق اوخليسا بدنى ساغلام بولودو.


يوتقان ، كورپە وە ادياللار نى پات - پات يو-
يوش هەم آفتابقا سليش كيرەك ! اوخلاش وا
قتيدا يپنغان يوتقان وە ادياللار كوب بولما سلق هەم
آز بولما سلق كيرەك !

اوخلاش واقتيدا باشنى يوتقانىڭ سرتيغاچقا
ريپ ، آغز نى يوموب مييه ده هيچ اش اويلاما-
سدن اوخلاش كيره‌ك !

اوخلا شدن بورون اوقات ييمه‌سلك كيره‌ك !

اوخليغان چاغدا شاوشو قليشما سلق كيره‌ك !

منا شونداغ اوخليغان كشى اويغودن تولوق فا-
ئيده‌لا نب حضورلينيدو .



# تاپشوروق (2)

(1) توبنديکی سواللرگه جواب بره لەمسز ؟

1ـ توخولر نلڭ بزاوچون قانداغ لازمی بولودو؟

2ـ خوراز نیمه اوچون اوزینڭ کوینیکینی قرغاوو لغابریدو ؟

3ـ خوراز نیمه اوچون هر کیچه قیچقریدو ؟

4ـ سز ایرته یازنلڭ منظره سینی سوزلەب بره‌له‌مسز ؟


5ـ دەرەخ تیکش نلڭ قانداغ فائیده سی بار ؟

6ـ سزهر کونی قایسی واقیتلر ایلەن اوخلایسز؟

7ـ سزهر کونی قایسی واقیتلر ایلەن اوروندن توراسز؟

8ـ آوچی ملتق ایلەن دەرە خدیکی قوچقا چلر
نلڭ برسینی آتسا ، قالغان قوچقا چلرنیمە
اوچون اوچوب کتیدو؟

(2) توبندیکی رسملر نیمە لرنلڭ رسمی؟ سزشورسم
لرگە آت قویوپ چقیڭ .




# بر جفت قارليغاچ

مومين جانلا نلڭ قورا سيغا بر جفت قارليغاچ
كيلب او ياققا بو ياققا نهايتى آلديرا شلق حالدا
اوچوپ يورگەن ايدى .

قارليغاچ نلڭ نيمه اوچون موںداغ اوچيديغانلقينى
بيلمەسدن مومين جان : ,,بو قارليغاچلر نيمه اوچون
بونداغ مشغولاتلق حالدا اوچيدو ؟‘‘ دەب سوريدى.

مومين جاننڭ آناسى: ,,بو قار ليغاچلر سغز-
توپا وە يانتاق او تلر شومۇب كيلب يگى چاڭگا
ياساماق اوچون مشغول بولماقدا‘‘ دەب أيتدى .

مومین جان ینەگومانلق ایلەن : ,, موندن بر نچە کون بورون بوقا رلیغاچلر نیمە اوچون بزگەکورو-نمیگەن؟‘‘ دیگەن سوالنی قویدی .



آناسی : ,, موندن بوروتقی برنچە کونلردە او-قارلیغاچلر تیخی بویرگەیتیپ. کەلمیگەن ، اولر قشلقی

جنوبی یا قلردا یا شایدو ، بهاروافتیده هوا بر آز
یلیغاندن کین جنوبی یاقدن بویر گه اوچوب کید
یدو“ ده‌ب جواب بردی .


مومین جان ینه : „آنداغ بولسا بو قا رلیغاچلر
قانداغ اوقاتلرنی یه‌ب تورموش کیچیریدو؟“ ده‌ب
سوریدی .

آناسی : „اولر فقط کچیك حشراتلر نی تو ـ
توب یه‌یدو ، منا بو ـ بو لسا بزلر اوچون فائیده‌لق
بر اشدور ، بز اونی یاخشی آسرا شیمز کیره‌ك“
دیگه‌ن سوزلر ایله‌ن بوسوالغاموجواب بردی .

# قوم وه لای


واحدجان ایله‌ن توردی یو سف برلکده با-
غدا اوینار ایدی . واحد جان لای ایله‌ن بر کچیك
تاغ یاسیدی. توردی یوسف مو قوم ایله‌ن بر کچیك
تاغ یاسیدی . بو کچیك تاغلر یاسیلب بولغاندن کین
اولر بك خو شال بولوب کتشدی

ایرته سی ایکیلیسی ینه باغقا بارب اویناغا ندا
لایدن یا سالغان تاغنك تونوگونکیگه اوخشاش
بولوب تورغا نلقینی هه‌م قوم ایله‌ن یاسالغان تاغ نك
تونوگونکیگه قاریغاندا کوب په‌س بولوب کتگه-
نلیکینی کوروب عجب له‌نگه‌ن حالدا حس قلیشیپ
آناسیدن سوریدی .



آناسى اويلاب باقىب : „تونوگون آخشام يا-
مغور ياققان ايمەسميدى ؟ لاينىڭ ييمليشيش خا را-
كترى بولغانلقدن ، او ـ او يوشالايدو ، شامال كەلسيمو
تەوره نمەيدو . قوم ييمليشا لمايد يغانلقدن زورشا
مالگە اوچريغاندا شامال اونى توزوتو وەتيدو“ دەب
جواب بردى .

# سەل



كەچكى تىماقدن كين حامىت نڭ داداسى حكاً
يەسوزلەشگە باشليدى. او: „ ييللر نڭ بر سيدە ياز
وا قتيدا يامغوركوب ياغيپ كتب تاغ اوستيديكى
سولر آقب كيلب تاغ آستيديكى ييزيلرنى باسيپ

کتدی . ییزید یکی اویلر نلک کوب قسمی یقیلب

کتدی. بعضی کشیلر دەرەخلر نلک او ستیگەچقب

آلغان . بعضی کشیلر سونلک اچیگە توشوب

کتگەن . شو آندا آفتکە اوچریغان خلقلردن :

„وای خلا یقلر بزنی قوتقوزوب آلساڭلا!“ دیگەن

آواز نلک چقفانی یراقدن آڭلاندی. بز نلک محله

مزدیکی خلقلر درحال سو کتگەن یرگە باردی .

اولر اچیدە سامساق بای دیگەن آدەم بك باتر


لق کورسەتب سوغاتو شوب کتگەن کشیلرنی

قوتقو زوب چقارغان“ دیدی.

# سارغ چوميله نڭ دوشمه‌نگه مدافعه كوروشى

مكتيمز ديكى باغچه ده ايكى اوگاچوميله ياشيغان. اولرنڭ براوگاسى سارغ يه‌بر اوگاسى قارا چوميله ده‌ب آتالار ايدى .

كونلر نڭ برسيده نورغون قا را چوميله‌لر سا- رغ چوميله لر نڭ اوگا سيغا اوسسوب كرب آز وق اوقاتلر يني تالاب



ييمه كچى بولدى . هيليقى سارغ چوميله‌لر مدافعه‌قلما قچى بولوب قارا چوميله‌لرنى بوسد

يده ـ آريدا بولر سوقوش آچدی . سوقوشا ـ سوقوشا ، سارغ چوميلەلر طرفيدن اولوم وە ياريدار كوب بولغان بولسيمو اولر چكنميدی . احوال تازا خو فلا شقان بر چاغدا اوگا نك اچكی طرفيديكی سارغ چوميلەلر همەسی يو گوروشيپ چقب قارا چوميلەلر ايلەن قاتتق سوقوش قليشدی . نەتيجه ده قا راچوميلەلر بو نگغه تەك كيلەلمەسدن آستا ـ آستا آرقيغا چيكينب قاچيشگه باشليدی ، ساغ چوميله لر قارا چوميلەلرنی خيلی يراق يرگه قوغلاب آلب بارب قويوب آندن قايتب كەلدی . شو ندن تارتب قارا چوميلەلر سارغ چوميلەلر گه كيليشگه جرعت قلالما يدوغان بولدی .

# تاپشوروق (3)

(1)توبنديكى (      ) اچيگەيازيلغان سوزلر نلڭ مو افق كيليد يغانلرينى تاپيپ توبنديكى جملەلر نلڭ( )اچيگە يازيب چقيڭلا .

1ـ قارليغاچ نلڭ حشراتلرنى تو ـ توپ ييشى ( ) اوچون فائيدە لقدور (بزلر) (مەن)

2ـ لاينلڭ ييمايشيش خاراكترى(      ) لقدن اويوـ شا (      ). (بولغان) (بولميغان) (لايدو) (لمايدو)

3ـ قوم نلڭ ييمليشيش خاراكترى (      )لقدن اويوشا (      ). (بولغان) (بولميغان) (لايدو) (لمايدو)

4ـ (      ) بزلر ايلەن برلكدە چوميلەلر نلڭ اوـ روشيني كوروشني خالامسزلر . (سز) (سزلر)


( 2 ) توبنديكى رسملرگه قاراب بردن حكايه سوز-

لەب چقيڭلا هەم سوزليمەكچى بولغان حكايەلرنى

اوزڭلا نڭ حاطره دەفتەر يگەيازيب چقيڭلا .



# تيانشان



تيانشان ، تيانشان ، هەي تيانشان !

قارلق تيانشان ، ايگز تيانشان !

بوى نوڭ ايگزدوريگرمه ايكى مڭ متر سينڭ

يللار بو يى ايريمه يدو ، اوستوڭدىكى آق قارلر لڭ .

★ ★ ★

قايغورمايمز ، غەم ييمەيمز قورغاقچيلقدن

آقب تاشار دريابولوب قارسولرى اوستوگدن

آچيلغان اوستەگلر ايلەن آقورسولريك ،

قويولور آچيلغان بوزيرلرگە تاتلق سولريك .

★ ★ ★

بو غداى، گوروچ ، پورچاق وە پاختالر

قورغون اوزوم هەم باشقاميوەلر

سنيك سولريگدن سوغورلونورهەى تيانشان

سەندن توڵوق فائيدە لانساق بولور يورتيمزگولستان.

★ ★ ★

# شنجانڭ نىڭ سو ايشلرى

شنجانگده يامغورنىها يتى آز ياغيديغانلقدن ، اوير

نىڭ اقليمى بك قوروقدور . ير نىڭ كه گرى وه

سونىڭ آز بولوش ايلەن ، اويرده دائما قورغاقچيلىق

آفتى پيدا بولودو . بوروندقى واقيتلر ده آدەملر

ير تريماقچى بولسا قارسولر يدن فائيده لانب ايرق

وەاوستەڭلر آرقالق ايتز سوغورار ايدى .

بعضى يرلر ده ايرق وه اوستە ڭلر قازيلب تەييا


ربولغاندن كين مراب قتارلق كشيلر سونى ايداره

قلار ايدى . براق سو تەڭ بولو نميگه نلكدن خلقلر

آراسيدا دائما تالاش جيده للر پيدا بولورايدى .

كېنكى زماندا ايرانده „ كاريز „ آرقالق

سودن فائيدەلانش اوسولى كيلب چقدى . بو او



سۇل بولسا قارسۇلر يىنىڭ يىر آستى قسمىدن كاريز كاولاب چقب، اوكاريزلرنى يىنه غارتوشوكلرى ايلەن بر-بر يگه اولاشتوروب ، سواقىمىنى برزور اقىمگه آيلاندوروب آندن يىر آستىديكى سولرنى يىر يوز يگه آلب چقب ايتزلرنى سوغارشدن عبارتدور .

حاضرقى زمانديكى سو اشلر يىنىڭ يڭى مىتودى بولسا : ايرق اوستەگلر چاپىپ وە سالار ياساب سو- زافاس قلىپ يغان كوللر آرقالق سونى ساقلاب قويوشدن عبارتدور . بو يڭى اوسول نىڭ سو بر- يش مقدارى نهايتى‌زور ، خلقلر گه برگەن منفعتى موبك كوبدور .

# پیله اوخلیدی

بر عائله ده آکا اوکا بولوب ایکی بالا بار ایدی.

اولر نلک هرقایسیسی اوز آلدیغا برمونچه پیله قورتی

باقتی . بولر پیله قورتینی کاغذ قوتانلک اچیگه قو-

یوب هر کونی اوزمه یاپورماقلری بریب باقارایدی .

بو پیله قورتلری اولر نلک کوز آلدیدا آستا ـ آستا

اوسوب چوك بولدی . آکا ـ اوکا ایکیسی بولر

نی کوروب نهایتی خوشال بولشدی .

کونلر نلک بر سیده سحر واقتی ایله‌ن توروب

هیلیقی بالالر نلک اوکاسی پیله قورتیغا قاراب باقب

آكاسیغا کیلب : „وای آکا ! بولمیدی ! بز نلك
پیله قورتیمز کیسەل بولوب قاپتو“ دەب أیتدی. آکا
سی کیلب قاریسا دیگەندەك پیلەقورتلری هیچ نرسه
یمەی جیم ــ جیت یاتار ایمش . شو آن اولر
کیلب آناسیدن : „بوقا نداغ اش“ دەب سوریدی.
آنا سی کولومسراب: „پیلەقورتی اوخلاب قالغان.
بوندن کین برنچه کون اوتگەندیلا بر قتیم اوخلایدو
عادتده اوچ تورت قتیم. اوخلا غاندن کین غلویر او-
ستیگه چقب غوزا اشلەشگه باشلا یدو“ دەب
جواب بردی .

# پیله جان

مایسا کوکه‌ردی یاپورماق برگه‌ن آغیچام

بوغدای سارغایدی قوم تازیلیغوچی سڭیلچاق

همه اویلو کلر یاپورماق ییغیشگه

پیله‌جان با قشدی هر کونی مشغول بولغان





مینڭ یەڭگی آچام


شام سحر مشغول جاق

پیله باقیشقابك آمراق

غوزا ایلەب چقارسا

تاواردوردون کینساق .

# بو قانداغ ير



ايگز ـ ايگز تورخونلق
قتار ـ قتار بينالق
اوزلوكسز ياڭرا يديغان
قاتموقات ماشينالق
بو قانداغ ير ؟
ـ بو توقوما چيلق زاوودى.

بوندا اشچيلر
اشلەر كيچە كوندوز
تاواردوردون توقوب
كييم ـ كيچەك تعمين قلور
تاوار دوردون كيينب
كشيلر راحتلەنور .

# کیسەل آغزدن کریدو

بریردە یازکونلری خولیرا کیسەلی پیدا بولغان ایدی،

اویر دە هرکونی اوندن کوب کشیلر اولور ایدی، خلقلر

بونی کوروب قورقب کتشدی . بر یولچی مسافر

اویردن یولچی بولوب کتب بارغانیدا بو کیسەللردن

قورقمای بر قانچەکون توروب ساق سلامت قایتب

کتشگە یولغا چقای دەب تورغان بر واقیتدا یرلك

کشیلر بو آدە منك کیسەل بولمای یولغاچققانیغا

عجبلنب کیسەل بولمیغانی نك سببینی سوریدی .

یولچی مسافر : „ بوندن هیچ قورقوش نك حا-

جتى يوق! خوليرا كيسەلى بواسا ييمەك آزوقاردن يو
قوم بولغان كيسەل، بو كيسەلدە بولودوغان ميكروفار قا
يناق سوغادوچار بولغانديلا كويوب اولوب كتيدو •
شونك اوچون مەن آغزمغا كريدوغان ييمەك نرسيلر
نك همەسيگە آرتوقچە دقت قايمەن، عمومەن تماق
وە تسەيار نك همەسينى تازاپوشو روب يەيمەن ،
ميوەلرنى قايناق سواياەن چارقاب يەيمەن • ييمەك
سالادوغان تەخسە ، قاچا ، قوشوق ، چوكا ، چو
موچار نك همەسينى قايناق سو ايلەن چارقايمەن •

ایکی قولو منیمو قاینیغان سوار ایاەن پاکیزە یویاەن.

منابوندا‌غ قلغاندا میکروفار آغزمغا کرەلمەیدو . گرچە

آغزمغا کرب قالسیمو اومیکروفار تمامەن قایناق سودا

کویوب اولودو . اولگەن میکروفار ماڭا کیسەل یو

ققوزالمایدو„ دیدی .

اویرنلڭ آهالیلاری بوسوزنی آڭلیغاندن کین تو

غری تاپیپ شویوسو ندا تقلید قاب اشلیگەن ایدی

کوپوپیواتقان خولیرا کیسەلی دیگەندەك آزایدی اولوممو

آزییشقا باشلیدی .

# يازلق حفظ الصحت



تومز بولدى ! كون اسيب كـ
تدى ! يازلق حفظ الصحتكه گه
اهمت بره يلى !

پاشه وه چيوينار غالجرليماقتا بەزگەك خوليرا كيسەللرى كشيلرنى أواره قاماقدا ، پاشه وه چيو ينارنى بالدوراق يوقوتايلى . تورلى كيسەللرموبا لدوراق آزايـ سون !

حفظ الصحت اوچون بزينه قاينيەيغان سونى اچمەيلى . اگرميوه لر ييمەكچى بولساق اوّل قايناق سوايەن چار قايلى !



# حفظ الصحت توغروسیدا توختام

شنبه‌کونی ایداره مز نڭ وکیللار قورولتاییدا تصد-

قلاب اوتگەن حفظ الصحت توختامینی توبنگە اعلان

قلب اوتدوك . کوپچو لکنڭ رعایه قلب عملگە

آشوروشینی سورایمز !

( 1 ) مەن خالیغان یرگە کاغذ وە میوەلر نڭ شو

پوك لرینی تاشلامایمەن .

( 2 ) مەن خالیغان یرگە توکوروك توکورمەیمەن .

( 3 ) مەن خالیغان یر گە چوڭ کچیك طهارت

قلمایمەن .

(4) مەن ير سوپوروشدن بورون يرگە سو چاـ

چيمەن .

(5) اخلەتلرنى بەلگوليگەن يرگە توكومەن .

(6) مەن بارلق كوچيمنك يتيشيچە پاشنە وە

چيوينلرنى يوقالتيمەن .

(7) مەن استبرا خانە نك تاز يلق اشلريگە

دقت قليمەن .

(8) مەن باشقا كشينك قول ياغلقى وە لوڭگاـ

سينى استعمال قلما يمەن .

# تاپشوروق (4)

(1) توبنديكى جمله‌لر نلڭ قايسيارى توغرا ؟ قايسيـ
لرى خطا ؟

1ـ تيانشان نلڭ ايگزليكى تخمينه‌ن يگرمه ايكى
ملڭ متركيايدو •

2ـ تيانشان نلڭ قارلرى آق بولوتقا اوخشايدو •
اوُ ، قارلر يللر بويى ايريمه‌يدو •

3ـ كاريز آرقالق ير آستيديكى سولر نى ير يوزـ
يگه آلب چقب ايتزلرنى سوغاريدو •

4ـ سال ياساب سوزافاس قايش حاضر قى زمـ
ان سو اشارينلڭ قوروالوشيدور •

5ـ بيله‌قورتى عادتده اوچ ـ تورت قتيم اوخلا غاـ

ندن كين غلوير او ستيگه چقب غوزا اشليمەيدو .

6ـ ييغەك ايلەن ماوت توقوب كييم ياساشقا بو-
لودو .

7ـ دور دون دن تيكيلگەن كييمنى كەيسەك بلك
سالقينلانامز .

8ـ خوليرا كينسەلى تماقاردن يو قودو .

9ـ بز ميوه لرنى ييشدن بورون قاينيغان سوايلەن
چارقاب يەيمز .

(2) توبنديكى سواللرغەجواب تاپيڭلا .


1ـ نيمە اوچون خاليغان يرگەتوكورمە سلك كيرەك؟

2ـ نيمە اوچون خاليغان يرگە چوڭ كچيك طهارت
قلماسلق كيرەك ؟

3ـ نيمه اوچون باشقا كشينىڭ قول ياغلقينى استعمال قلما سلق كيره‌ك ؟

4ـ نيمه اوچون پاشه وه چيو يىلرنى يوقوتوش كيره‌ك ؟

( 3 ) توبنديكى رسملار نىڭ معناسيگه قاراب قانداغ سوزلرنى يازيش كيره‌ك ؟



# سالقین شامال

یاز کونلرینك برسیده زوال واقتی ایاەن هوا

دیمیق بولوب کتب سالقینلا نش اوچون شامال هەم

یوق ایدی .

کەچکی تماقدن صوك آنام یو۔ یونوب بو۔

لوب یعقوب نك

بدنلر ینیمویوذی.



یعقوب بردانه

اوروندوق آلب


هویلا نك قاب

اوتوروسیغا قویدیده آنامنی او ـ اوروندوق نلڭ اوستیـ
گه اولتورغوزدی . آندن کین ینه بر کچیك اورو۔
ندوق آلب چتب آنامنلڭ یانیغا قویوب اوزی او
لتوردی .

آنام بکون بویی مشغولانلقده بولغانلقدن نهایتی
چارچیغان حالدا کوزینی یوموب استراحت قلیشگه
باشلیغان بر واقیتده یاقیملق سالقین شامال نلڭ
یتپ کهلگه نلیکینی سهزیپ کولومسراب : „بوشا۔
مال بلك یاخشی یتپ کهلدی . نیمهدیگهن اوبدان
شامال بو ؟“ دهب او یلیغان ایدی .

بر ده مدن کین کوزینی آچب قاریسایعقوب آنام
اوچون یهلپوگوچ ایلهن یهلپوپ اولتورغان ایکهن .

# قايسى نرسە بك مهم




معلميمز واحد افندى اوقوغوچيلردن : "هوا ، سو ، گوروچ ، اون ، اوتياش ، هم گوشتلرنى بز هر كونى يەيمز ، بولر نڭ قايسيلرى بز اوچون اڭ مهم بولوب سانالىدو ؟" دەب سوريدى .

جمال : „گوشت اڭ مهم بولودو . چونكى بز هر كونى گوشت ييسەك بدنيمز كوچلوك بولودو" دەب نهايتى تزلك ايلەن جواب بردى .

حامد : ,,اون بلەن گوروچ وە اوتیاشلر أكُ مهم بولودو ، چونکی بعضی کشیلر گوشت ییمیسیمو بدنی کوچلوك بولوب توریدو“ دیدی .

قاسم : ,,مینگچەسو أكُ مهم بولوب سا نالیدو ، چونکی بز برنچەکونگیچە تماق ییمیسە کمو حیاتیمز نی کیچیرەلە یمز امّا بر کون سوایچمیسەك بولمایدو“ دیدی .

ابراهیم اویلاب کتب : ,,هوا أكُ مهم بولودو . چونکی بز برکون کەچکیچە حتی اویقو واقیتلر یدە مو هوایەیمز . آدەم هوا ییمیسەیاشییا لمایدو“ دەب جواب بریپ ایدی کو پچولوك ابراهیم نڭ سوزینی توغری تاپدی .

# خامان تولسون بوغدايغا

. اسکندر



دوستوم های تاك آتدی

توراویقوگدن اش واقتی

کەك ایتزلا سارغا یدی

آشلق پشدی کوز بولدی

آل اوغاقنی قولوڭغا
اشله دوستوم ایتزغا
تالماسی بز نلك قوللردا
شارتیلداسون اوغاقلا

أیت ناخشاڭنی آیدیڭدا
موڭغا تولسون ایتزلا
سلام برسون آق بوغدای
بیرەم - بیرەم آلدیڭدا

آل باغلقنی باغ باغلا !
باغقا تولسون ایتزلا
تارت خامانغا باغلرنی
خامان تولسون بوغدایغا

# حمید یولداشلارینی باغقا تکلیف قلدی

سوگیلی یولداشلاریم هاشم! قاسم!

باغیمیزنینگ آلمالاری، اوریکلاری پیشدی، قو
غونیمیز هم طیار بولوبتو. مین آتامنینگ راضیلیقی
ایله موشبو هفته نینگ یکشنبه کونیگه سیزلرنی
چاقیرغالی ایستماقچی بولدیم. شونینگ اوچون یکشنبه
کونی ایرته روق ییغیلیب کیلینگیزلر. ممکن بولغانچه
هر بیرینگیزلر بیره ردن نومیر اویون حاضرلیغانیز
کیلینگیزلر. چونکی معلمیمیز اوقوغاندا!

اوقوغلى ، اوينوغانذا اوينا تكلر ، كوكول

آچيقلر ديگەن ايمە سميدى شونك

اوچون بر باشسه كولى باغدا اويدان

بر اولتورديتي قاسد كوكتيمرنى آچيلى

هارغاد ميكه لومرلى استراحت قلدو

ريلى ، اوقوشيمز اوچون كوچلوق روح


حاضرلايلى . كيله ر وقتلر لرده احمد

بابەن مدرسى لى بركه الىب كيلو رسنزلر

حرمت ايله          حميدە

بوردچى آوغرنست


# حشرات تو-توش اومیگی




كوب كونلردن بويان



يامغوريا غميغان ايدى. كوك تاتلر
نلڭ اوستيگه قورت توشوب
ايكى اوچ كون اچيديلا ياپورماقلرنى يەب اورموچوك
توريغا اوخشاش قلب قويدى . دهقانلر كون بو يىـ
چه زراعتلقده حشراتلر تو-توشقا مشغول بولدى .
شونڭ اوچون داوت جان حشرات تو-
توش اوميگى تشكيل قليشنى
تەشەببوسى قلب قورتلرنى







تو - توپ دهقانلرگه یاردەم قالماقاچی بولدی . امین
بونگغه دەستلەب قوشومچەبولدی . بتون صنفدیکی
ساواقداشلر یمو بونگغه قوشومچه بولوب اشتراك
أتدی . شونگ ایلەن باشقا صنفد یکی ساباقداشلر
یمو بواشنی بلب اولرهەم اشتراك أتدی . بتون
مکتبدیکی سابا قدا شلری تورت اومەککەبولو ندی .
اومەك تشکیل قلنب بولغاندن صوگ ، اولرگه رهبر
لك قلیش اوچون معلملرینی تکلیف قلب یقین اطرا
فیدیکی باغچەلرگه خذ متگەباردی .

# تاپشوروق (5)

(1) توبنديكى جمله‌لرنك (          ) اچيديكى بوش اورونلرنى توبنديكى سوزلر ايله‌ن تولدوروڭلا .

ديمیق . يو-يوندى . چارچيدى . يه‌لپوگه‌ن .

نفس آلماق . ر . بوغداى . او يون .

چيكه‌تكه . حشرات تو-توش اوميگى .

1- هوا (          ) بولوب كه‌تتى

2- امين (          )

3- آنام (          )

4- امين آنام اوچون يه‌لپوگوچ (          )

5- (          ) بلك مهمدور .

6ـ بزبركون كەچكيچە (        ) يەيمز

7ـ خامان تولسون (        ) غا

8ـ هر كشى برەر تموردن (        ) حاضرلاب كيليكلا

9ـ داوت(      )تشكيل قاليشنى تەشە بيوس(      )

10ـ ياپورماق اوستيگە نهايتى كوب (        ) توشوب كتدى .

( 2 ) توبنديكى جملەلرگە تقليد قلب بر قانچە جملە توزەب چقيكلا .

كوزينى يوموب اوخليدى

( 2 )        ( 1 )

(3) (4)

بدنى كوچلوك

(1) (2)

(3) (4)

تاڭ آتدى

(1) (2)

(3) (4)

اوقوغاندا اوقوڭلر اوينيغاندا اويناڭلر

(1) (2)

(3) (4)

اطرا فيديكى باغچەلرگه خذمتگەباردى .

NATIONAL CENTRAL LIBRARY R.O.C. 國家圖書館

# ييزى ايداره سينك آلديغا چاپلا نغان اعلان

بركونى آتيگەندە تمور ابراهيم ييزى ايداره سينك آلديديكى بوش ميدا ندا كتب بارار ايدى. يراقدن ير اوستيده تورغان بربولاق گوللق كاغذ كوروندى ، بو - بولاقنك آلديغا بارب بولاقنى قوليغا آلب قاريسا بولاققايوگەلگەن نرسەتيزا ايكەن .

تمور ابراهيم : ,,هركونى كەچده ، نورغون اشچيلر بوير ده اولتوروب هاردوق آليدو . بوتيزا لر چۆقوم شولردن توشوب قالغان بولسا كيرەك . اگر

اولر تیزاسینڭ توشوب قالغانلقینی سەزسە البەتتە
قایغوریدو . شو نڭ اوچون مەن بو تیزالر نی
درحال اولر نڭ اوزقولیغا تاپشوروب بر یشیم کیرەك،
براق مەن بوتیزا کیم نڭ ایکە نلیکینی بیلمە یمەن .
بونڭ اوچون قانداغ قلیشیم لازم؟ " دەب اویلو-
نوب کتدی .

او - اوزون اویلونوب بر چارە تاپدیدە بوتیزالرنی
ییزی ایدارە سیگە تاپشوروب بردی .

شوکونی توشدن کین ییزی ایدا رەسینڭ دروازا
سی آلدیغا بر اعلان، چا پلاندی اواعلا ننڭ مضمو
نی بولسا :

# اعلان

ييز №52

ييزيمز نڭ مرگزى فقرالق مكتبيدن براوقوغوچى بوگون سحر واقتى ايلەن بربولاق تيزا تاپيپ آلپتو. او تيزانى ايگەسى تاپشوروب آلسون اوچون ايدارەمز گەتاپشوردى ، كيم نڭ تيزاسى يوقالغان بولسا، شول كشى تيزا نڭ سانينى وەتيزا يو قالغان اورونى معلوم قلغان تقدير دە تيزانى ايدارە مزدن تاپشوروب آليسى ممكن .

اتفاق ييزى ايدارەسيدن

اونىجى اوكتابر

# سونی ایداره قلغوچی „یو‌والڭ“



أڭ قدمقی زما-
ندا مملیکتیمز جو
ڭگوطوفان بلاسیغا
دوچار بولوب تور
غون ایتزلقلر، آده

ملر ، وه جانلق ماللرنی سوباسب کتگه‌ن ایدی . اول
زماندیکی پادشاه ، یو والڭ نی سونی ایداره قلیشقه
بویرویلو . یوواڭ بو سو آفتینی یوقوتوشده نورغون

جەامشقتلر چەككەن ايدى . كون تاڭ آتقاندن تارتب

تون بولغوچە هاردوق آلماسى ايدى . اون اوچ يل

جريانيدا اوز ينك عائلە سى اشكى آلديدن اوچ ۋت-

يم اوتگەن بولسيمو ، اوييگە برقتيم موكرمە سدن كو

پچيلك اوچون خذمت قلدى، اوز ينڭ نسلى وە وظيفە

سيگە صادق بولوب اشليگەن روحى بزلر اوچون

نەمونە بولا-لايدو .

# دولت آتامز نك حكا يه‌سی

دولت آتامز واقيتلك رئس جمهور بولغان چا-
غدا بركونی دولت ييغينينك مجلسيگه اشتراك اتمه‌ك
بولوب عادتديكی كييملر ايلەن آر.باغا اولتورما سدن
دولت ييغينينك اشكی آلد يغا بارغان ايدی . سا-
قچيلر دولت آتامزنی تونوما سدن اشكدن كرشنی
توسدی .

دولت آتامز : ,,سزنيمه اوچون مينی توساسز؟‘‘
ده‌ب سوريسا ، ساقچيلر : ,,بوگون دولت ييغينی
نك مجلسی آچيلادو . رئس جمهور مجلسگه كيليدو.
اشی يوق كشينك كرش وه چقشيگه روخصت

يوق.! سزبو يرگەكيلب نيمەقلا سز ؟ كتيگز!“

ديدى .

دولت آتامز كولوب كتب : „رئس جمهور بتون دولت ديكن. خاقلر نك خدمتچيسى بولوب تو-روغلق ، اوزى مجلسگە كەلسە نيمە اوچون كرگوزمە يسز ؟“ دەب درحال اوزى نك كارتا سينى آلب كور سەتگەن ايدى. ساقچى كوروب چوچيب كتب اوكشينك رىس جمهورايكە نليكينى بلديە درحال ملتقنى دەل، تو-توپ سلام يوللادى . دولت آت-امز : „رئس جمهور بولسا عادتديكى بر آدەم ، او نك باشقا كشيلر ايلەن فرقى يوق!“ ديدى .

# تعطیلده

آزكونده تعطیل بولودو ، تعطیلده نیمه اش قلاسزلر؟

دەب سوریدی معلم .

صادق : „ تعطیل بولغاندامەن اویدیكیلر بلەن یا-

یلاوغا چقب استراحت قلیمەن ، یایلاونك هواسی

بك یاخشی » دیدی .

قربان : „ مەن اویگه بارب تعطیل توگیگیچه

اویدیكیلرگه یارده مده بولومەن ، چونكی تعطیل

بز نلڭ راسا آشلق ييغيديغان اشله يديغان واقتيمز ،

شبو نلڭ اوچون او يديكيلر دهقانچيلق آشلر يغاقارا-

يدو ، مەن مال باقب بريمەن » ديدی .

حكيم : « مينك درسلرمده جيق يتيشەلميگەن

يرلرم بار . خطنی ياخشی يازا لمايمەن ، بوتعطيلده

مەن ، درسی تكرارلا يمەن » ديدی .

معلم : « نهايتی ياخشی ، ديگينيكز لر دەك

قلساگلر بك اوبدان بولودو » ديدی .

# همکارلق

بورونقی زماندا بر بووای بارایمش ، اوبووای نلڭ نورغون بالاسی بار ایکەن . بوبالالر دائما اوروشار ایمەش ، تالا شار ایمش ، باشقا کشیلر هەم اولرنی بوزەك تاپار ایمش . کونلر نلڭ برسیدە بالالر نلڭ أڭ کچیکی بولغان برسی آکاسیدن : ,,بز نی نیمە اوچون باشقا کشیلر هەمیشە بوزەك تاپیدو؟" دەب سوریدی .



آکاسی : ,,باشقا کشیلر بزدن بك کوچلوك" دەب جواب بردی.

بو وای بو سوزنی آڭلاغاندن صوڭ درحال بر باغلام چیوقنی آلب کیلب بالالریگه سزلرمانو چیوقنی اوشوتوپ سو ندوروڭلا دەب بویریدی. اوبالالر بو بر باغلام چیوقنی اوشوتالمیدی.

بو وای شو آن هیلیقی چیوقلرنی آیرب برتال۔ برتالدن بالالر نڭ قولیغا توتقوزوب امدی اوشوتوب سو ندوروڭلا دەب ایدی. بالالر او۔چیو قلرنی نها۔ یتی آساناق ایلەن سوندوردی.

بو وای: „سزلر موشوکچیك چیو قلرگه اوخشا۔ یسز لر، اگر بردل برنیتده بولساڭلا، باشقا کش۔ یلر قانچه کو چاوك بولسیمو سزلرنی بوزەك قلالمایدو" دیدی.

# قوم نىڭ يوتكوليشى

بعضى كشيلر قوم ، برجايدن ايكنچى برجايغا كو-
چيدو دەيدو . بوسوزنى دوروس دييش ممكن
چول بيابانلر ديكى قويون شامالر قش وه ياز
كونلرى اوخشيميغان طرفلر گەقاراب شيويرغان ياسا-
يدو
زور قويونلر يتپ كەلگەنده قوملر اوز اورنيدن
يوتكوليدو . قوملقديكى سياحتچيلر نىڭ اوزى ، آت-
لرى ، توگەلرى ، آربالرى نىڭ همەسينى شيويرغانلر

اورنیدن کوتوروب پورکەب آسماندا آیلا ندوروب
معلوم سز یرلرگە آتب تاشلایدو . قوملر یوتکەلگەندە
قوماق اطرا فیدیکی ایتزلقلر وە اویلر نلڭ هەمسینی
کوموب تا شلایدو .

قوملقنی اشغال قلیش تەس ایمەس . اورما-
نلقلر نی آسراغاندا ، توپا وە اوسوملوکلرنی یاخشی
محافظت قلغاندا هەم قوملقدا یاشایدیغان اوسوملوکلر
نی تریغاندا یالغوز قوملقنی ایدا رە قلبلا قالما سدن
بەلکی قوملقنی یایلاققا اوزگەرتگیلی بولودو .

# خذمت نڭ بولونوشی

آکا ،اوکا، آچا ، سیڭیل ، تورته یلەن کەچکی تما-
قدن صوڭ ، تماشا اوچون برلکده دالاغا چققان ایدی.
اولر بد ننڭ هضم اعضالری توغرو لق مذا کیره گە
کرشدی . بولر مزا کیره سیده بدننڭ قایسی قسمی
أڭ مهم ایکەنلیکینی ملاحظه قایشدی .

بو مزا کیره ده - دەستاەب سیڭلیسی :

ـــ آدەم نڭ آغزی أڭ مهم رول اوینایدو . اگر
آده مده آغز بولمیسا نرسیلر ییگیلی بولمایدو . آدەم
یاشییالمایدو . دیدی .

اوکاسی :

ـــ مینڭچه بیس مهم بولسا کیرەڭ . اگر تیش بو-

لمیسا آزوق آوقاتلرنی چایناشقا بولمایدو . دیدی .

آچاسی :

ــــ مینگچه أیتقا نذا آش قازان ایلەن اوچای نڭ رولی کوب بولسا کیرەك ، اگر آش قازان ایلەن او-چای تماقنی هضم قلمیسا ، آغز دا قانچه آوقات بیگەن ایلەن وە او آوقاتلر نی تیش قانچه چایناغان ایلەن هیچ کارغا کەلمە یدو . دیدی .

آکاسی :

ــــ حقیقەتده آغز ، تیش ، آش قازان ، او چایلر نڭ هر قایسی اوز آلدیغا تیگشلك رول اوینا-یدو . اولر خذمتینی بولوب آلب اشله یدو ، هەمەسی برابر اشلیگه نده آندن تماقنی هضم قلا - لایدو دیدی .

# قراعت خانه

احمد کتاب اوقوشقه وه کتاب توپلاشقه‌بک آمر اق ایدی . او نڭ کتابلری نڭ بعضیلرینی داداسی ، آناسی آلب بر گه‌ن ، بعضیلرینی اوزی قولغاساتب آلغان . بعضیلر ینی آغینه لری هدیه قلب برگه‌ن حاضر اونڭ اوزینڭ نورغون کتابلری بار بولغانلقدن او ــ کتابلری ایله‌ن اوزی کچیککینه بر قراعت خانه تشکیل قلدی .

احمد کتابلر ینی بر نچه تورگه‌بولوب شیکافلرگه تزیپ قویدی . اونڭ کتابلری اچیده سیاحت خاــ طره‌سی حکایه ، شعر ، رسملرتو پلانماسی ، قتارلق نورغون کتابلربار . اوــ اوزی ینه بر دانه‌کتا بلر مند رجه

سی توزوب هممکتابلر ینی ده فتمر نلڭ اوستیگه اور-
ناتتی. اوزی کتابلرنی اوقویدو همم کتابلرنی باشقوریدو.
قراعت خانمسینڭ اوستیگه بر نچهشعارلر چا-
پلانغان. او شعارلر بولسا:

(1) کتابلرنی کوز ایلمن قاراب اچیده اوقوش
کیرمك اوتلوك اوقوشقه روخصت یوق!

(2) کتابلرنی بر طرفدن اچیده اوقوش کیرمك ینه
برطرفدن اویلانش کیرمك!

(3) تز اوقوب کوب باش کیرمك!

(4) کچیك آغینملریم نلڭ کتاب اوقوشقه کیلـ
یشینی قارشی آلیمن.

(5) کچیك آغینملریم نلڭ کتاب اوتنه آلیشینی
قارشی آلیمن.

# (6) تاپشوروق

( 1 ) براعلان يازيب چقيك ، او اعلانغاتو بنديكى تو-
رت اشنى مضمون قلب يازيسز .

1ـ نرسه‌يوقاتقوچى ـ لطيف .

2ـ يوقالغان نرسه ـ كاغذ كيسيديغان قلمتراش .

3ـ نرسه نلك يوقالغان واقتى ـ اوننجى ماى .

4ـ نرسه يوقالغان اورون ـ بدن تربيه ميدانى .

5ـ نرسه يوقاتقوچى نلك اوميدى ـ نرسه‌نى تاپيپ
آلغان كشيلر اگر اول نرسه‌نى ايگه‌سيگه‌تا
پشورسا ، ايگه‌سى زور تشكرلر اوقويدو .

( 2 ) توبنديكى جمله‌لر ده اوشوق يازيلغان سوزلرنى
آلب تاشلاڭلا .

1ـ یر یوزیده بر بولاق گوللق کاغذ چرایلق بولاق
بارایمه سمیدی ؟ او نرسه اصلیده سزلر نلڭ
نورغان تیز اکلر ایکەن .

2ـ یوواڭ بردیل ـ بر نیتی ایلەن کو پچیلك نورغون
خلقلر اوچون خدمت قلدی .

3ـ رئس جمهورمو عاد تدیکی عاددیغینه آدەم.

4ـ تاغدا هوابك نهایتی یاخشی.

5ـ مەن تعطیل تولوشدن بورون عائلەمدیکی کشیلر
گه ایمەس یاردەم بر مەی بر یمەن .

6ـ بز نیمه اوچون هەمیشه کشیلر نلڭ بوزەلك آیتیش
یگه اوچریمایمز

7ـ بز بردیل ـ بر نیتده نیمشقه بولومز ؟

(3) توبندیکنی سوا لنرگه جواب بریگلا :

1ـ یوواڭ سو اشلرینی ایدا ره قلیش اوچون نچه یل واقیت اوتکه زگه‌ن ؟

2ـ رئس جمهور ده‌ب نیمه‌گه أیتیلیدو ؟

3ـ قوم قانداغ یوتکیلیدو ؟

4ـ بز قوملقنی قاندغ اشغال قلیمز ؟

5ـ قارین تیش اوچاپلر نڭ خذ متلری نیمه ؟

6ـ احمد اوزی نڭ کچیك قراعت خانه‌سینی قانداغ تشکیل قلغان ؟

7 قراعت خانه‌گه کرگه‌ندن صواڭ کتابنی قانداغ اوقوش کیره‌ك ؟

(4) سز تعطیل واقتیدن فائیده‌لانب توبندیکی بش

اشنی اشلەب چقیك .

1ـ شبوکتا بدیکی سزگە یاخشی سیزلگەن شعر لرنی یادلاب آلیك .

2ـ شبوکتابدن سزگە یاخشی سیزلگەن جملەلرنی خاطرە دە فتەرلریکز گە یازیب آلیك .

3ـ شبو کتابدا سزگە تەس سیزلگەن سوز وە جملەلرنی دە فتەرلریکز گە یازیب آلیك وە اونی یادلاب آلیك .

4ـ شبوکتابدیکی قزق حکایەلرنی برنچە قتیم تکرارلاب اوتواك ،

5ـ باشدیکی تاپشوروقلر نلڭ سواللر یگەجواب یازیب چقیك .

# اعتذار

بز بواشنڭ اهلی بولماساقده ، واقتنڭ تقاضاسیله قولیڭز دیکی شو کتابنی توزەب چیقدوق ، آلفابەمز اورتااملا قاعدەسیگە آساسلنب توزولگەن بولسومو اویغور لهجەسیدە او O ، او ⊖ ، او U ، او Y ، تاوشلری بولغا نلقدن بوحرفلرنی «و» حرفینڭ اچیدەقلب اورناشتوردوق . بوگونگیچە سانی اینق بەلگولەنمیگەن بویات عربی اویغور حرفلری بولوبمو آلفابە وەلغت توزوشدە اوزینڭ کامچیقینی بکموسە زدوریدو ، شونڭ اوچون اوقوچیلرمزنڭ فکر تنقید وە توزوتوشلرینی سورایمز .

هیئت تحریریه

中華民國三十六年八月

維文課本第四冊（全十冊）

主編者　國立邊疆文化教育館
編輯委員會主任　凌純聲
編輯委員會委員　衛惠林　艾沙　華聲慕　曹樹勛　梁甌第
程滬生　馬雲文　李森　涂樂幹　鄒明誠
哈吉牙合甫　阿不都拉
編輯者　哈吉牙合甫　阿不都拉　李森　梁甌第
繪圖者　獨正
發行者　教育部
製版者　南京志宏中西印刷所

# اويغورچەاوقوما كتابى

## تورتنجى قسىم

مركزى حدود مدنى معارف ايدارەسى طرفيدن توزولدى .

تحرير هيئت مديرى: لين ــ چون ــ شنك

تحرير هيئتى نلك اويغور گوروپپاسيديكى اعضالر :
وى خوى لين . عيسى آلپتكين .
قاسم قربانى . تساوشوشوك .
ليياك اودى . چك خوسك .
حاجى يعقوب يوسفى .
مايون وين . لى سن . زومك چك .
عبداللە تيمەن . تورغان سايراميلر .

تحرير قلغوچى : حاجى يعقوب يوسفى . عبدا للەتيمەن . لى سن . ليياك اودى لر .

رسم سزغوچى : دو ـ جيك .

ناشرى : معارف وزارتى .

مطبعە گەتزغوچى: نانكين ز ـ خوك باسما خاناسى
جوڭخا جمهوريتى نلك 36 ـ يلى آوغوست نانكين

國立中央圖書館
0438920

NATIONAL CENTRAL LIBRARY
國家圖書館
ROC

2.9361
97

籍